# ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىدىغان رايون ئىقتىسادىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ كەسىپ ئاساسى ئىقتىدارى ۋە كەسىپ زەنجىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسى، شاڭخەي شەھىرى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىدىغان رايون ئىقتىسادىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقى، گوۋۇيۈەن دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كومىتېتى، جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ كەسىپ ئاساسى ئىقتىدارى ۋە كەسىپ زەنجىرى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ رايون تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بوشلۇق قۇرۇلمىسىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، مەركىزىي شەھەرلەر ۋە شەھەر توپى تەرەققىيات ئامىلىنى كۆتۈرىدىغان ئاساسلىق بوشلۇق شەكلىگە ئايلىنىۋاتىدۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە رايونلارنىڭ سىياسەت سىستېمىسىنى تەڭشەپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك ئامىللارنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشى ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك توپلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۈچەيتىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، مەركىزىي شەھەرلەر ۋە شەھەر توپى قاتارلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەۋزەل رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋە نوپۇس كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، باشقا رايونلارنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكى، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى، چېگرا رايون بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنىڭ تۆۋەن چېكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنى باراۋەرلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، تەرەققىيات داۋامىدا تەڭپۇڭلۇق شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەملىكەت بويىچە ئېچىۋېتىلىشى بىرلىككە كەلگەن، تەرتىپلىك رىقابەتلىشىدىغان تاۋار ۋە مۇھىم ئامىللار بازىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، بازارنى بايلىق سەپلەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىتىپ، بازارنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىيات مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، رايون ھەمكارلىق مېخانىزمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئۆلكە دەرىجىلىك بىرتۇتاش پىلانلاش ئاساسىدا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش پىلانلاشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېزلىتىپ، مەملىكەت دائىرىسىدە تۈزۈمنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ۋە رايونلار ئارا ئۆزئارا ياردەم بېرىپ تەڭ تولۇقلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. يەر باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، يەر باشقۇرۇشنىڭ جانلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئەۋزەل رايونلارنى تېخىمۇ زور تەرەققىيات بوشلۇقىغا ئىگە قىلىش كېرەك. ئېنېرگىيە ئىستېمال ئومۇمىي مىقدارى ۋە جىددىيلىكىنى قوش تىزگىنلەش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيە تولۇقلىمىسى بېرىش تۈزۈمىنى ئۈنۈملۈك ئورنىتىپ، رايونلار ئارا مەنپەئەت تولۇقلىمىسى مېخانىزمى ۋە تىك يۆنىلىشلىك ئېكولوگىيە تولۇقلىمىسى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. مالىيەدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ئېكولوگىيە فۇنكسىيەلىك رايونى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى، قىيىنچىلىقى بار رايونلارنى ئۈنۈملۈك يۆتكەپ چىقىم قىلىش بىلەن تەمىنلەش كېرەك. شەرقىي شىمال رايونى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، كەسىپلەرنىڭ كۆپ مەنبەلەشكەن تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى ئالدىنقى سېپى يارىتىپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، كارخانىچىلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كادىرلارنى توغرا يۆنىلىشتە رىغبەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىنىق ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشى تۇرغۇزۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلىتىمىز ياسىمىچىلىق كەسپىنىڭ كۆلىمى يەر شارى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، پۈتۈن دۇنيادا بارلىق سانائەت تۈرىنىڭ ھەممىسى بار بىردىنبىر دۆلەت. كۆپچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكى ۋە پەۋقۇلئاددە چوڭ كۆلەمدىكى بازار ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەسىپ ئاساسى ئىقتىدارىنى پۇختىلاشنى ئاساس، ئۆز ئالدىغا تىزگىنلىگىلى بولىدىغان، بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشنى نىشان، كارخانا بىلەن كارخانىچىلارنى ئاساسىي گەۋدە، سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇشنى كاپالەت قىلىپ، قوللىنىش يېتەكچىلىكىدە، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھۆكۈمەت يېتەكلەش بىلەن بازار مېخانىزمنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا بولۇش بىلەن ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىشنىڭ بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدە چىڭ تۇرۇپ، كەسىپ ئاساسى ئىلىلاشقان، كەسىپ زەنجىرى زامانىۋىلاشقان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كەسىپ ئاساسىنى قايتا يارىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى ياخشى قىلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈرگە ئايرىپ تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، ئۆز ئالدىغا بولۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىستراتېگىيەلىك ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك كەسىپ زەنجىرى بەرپا قىلىشتا، «مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت سەككىز خەتلىك فاڭجېننى چۆرىدەپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىندىكى كارخانىلارنىڭ كەسىپ جەھەتتىن ماسلىشىشنى كۈچەيتىش ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى قوللاپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئېلاستىكىلىقىنى كۈچەيتىپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش داۋامىدا تېخىمۇ كۈچلۈك يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا، تېخىمۇ يۇقىرى قوشۇلما قىممەتكە ئىگە كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئورتاقلىققا ئىگە تېخنىكا سۇپىسى قۇرۇپ، كەسىپ ھالقىغان، ساھە ھالقىغان ئاچقۇچلۇق، ئورتاقلىققا ئىگە بولغان تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. كارخانىچىلار روھى ۋە ھۈنەرۋەن روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، «كەسىپلەشكەن، سەرخىل، ئۆزگىچە، يېڭى» بولغان بىر تۈركۈم ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈش كېرەك.

مەركىزىي مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇل يولداشلىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

# 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 ـ قېتىملىق يىغىنى بېيجىڭدا يېپىلدى

### يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن دورا باشقۇرۇش قانۇنى قاتارلىقلار ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى

## شى جىنپىڭ رەئىس پەرمانى ئىمزالاپ ئېلان قىلدى

### لى جەنشۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 ـ قېتىملىق يىغىنى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭ خەلق سارىيىدا يېپىلدى. يىغىندا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن دورا باشقۇرۇش قانۇنى ماقۇللاندى، يەر باشقۇرۇش قانۇنى، شەھەرلەردىكى ئۆي ـ زېمىنلارنى باشقۇرۇش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار، بايلىق بېجى قانۇنى ماقۇللاندى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم 31 ـ، 32 ـ، 33 ـ نومۇرلۇق رەئىس پەرمانىنى ئىمزالاپ ئېلان قىلدى. كومىتېت باشلىقى لى جەنشۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 167 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، يىغىنغا قاتناشقانلار سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن سىرى لانكا دېموكراتىك سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسى»نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارار، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن ۋېيتنام سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسى»نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارار ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى.

يىغىندا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق خەن شياۋۋۇ 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، ۋاڭ تيېمىن 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى.

يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ قىسمەن ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى.

يىغىندا يەنە باشقا تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش لايىھەسى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى.

### ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەرگە ئېتىبارسىز قاراشنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى

# ئامما ئەندىشە قىلىدىغان، باش قاتۇرىدىغان، غەم قىلىدىغان ئىشلارنى ھەققىي، ئەمەلىي ياخشى ھەل قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **جاڭ چاڭجۈڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەرگە ئېتىبارسىز قاراشنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى باشلامچى ئورۇنلار ۋە قاتناشقۇچى ئورۇنلار خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، تەپەككۇر يولى ۋە ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىش، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشتە سىجىل كۈچەپ، كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، تۈزىتىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەپسىلىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈمدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، خىزمەتتىكى يوچۇقلارنى ئېتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: خىزمەت مېخانىزمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەخسۇس تۈزەش بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئورگىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، رەسمىيەتچىلىك قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلەپ، ئاساسلىق مەسئۇل كىشىنى چاقىرتىپ سۆھبەتلىشىدۇ؛ ئاشكارا تۈزەش ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ نازارەت قىلىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، كۈچلۈك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق، قەتئىي كۈرەش قىلىش روھى بىلەن مەخسۇس تۈزەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي تۇتۇپ، ئامما ئەندىشە قىلىدىغان، باش قاتۇرىدىغان، غەم قىلىدىغان ئىشلارنى ھەققىي، ئەمەلىي ياخشى ھەل قىلىدۇ.

يىغىندا خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى مەخسۇس تۈزەش، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئوقۇپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى، سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى، تەبىئىي بايلىق نازارىتى قاتارلىق ئۈچ تارماقنىڭ پارتگورۇپپىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئىپادە بىلدۈرۈپ سۆز قىلدى.

# مۇھىم دەريا ـ كۆل سۇ فۇنكسىيەلىك رايونلىرىدىكى سۇ سۈپىتىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 98.6%كە ئۆرلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇنىڭ بىلەن بىللە، باشقا مەخسۇس ھەرىكەتلەردىمۇ پائال ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى. ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، سۇلۇق يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قوغداش، يېزىلارنىڭ سۇ مۇھىتىنى تۈزەش، قارا، سېسىق سۇنى تۈزەش، سۇ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش، دەريا ـ كۆللەرگە چېتىشلىق بىرلەشمە قانۇن ئىجرا قىلىش، چارۋىچىلىق باقمىچىلىقى چەكلەنگەن رايون ۋە بېقىشقا چەك قويۇلغان رايونلارنى بېكىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. ھەرقايسى جايلار يەنە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، بىر قاتار مەخسۇس تۈزەش ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، دەريا، كۆللەرنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ۋادى سۇ بايلىقىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇشنى سىجىل كۈچەيتىپ، «ئۈچ قىزىل سىزىق»لىق قاتتىق چەكلىمىنى چىڭىتىپ، ئەڭ قاتتىق بولغان سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈردى؛ سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، ناھىيە تەۋەسىدە سۇ تېجەش تىپىدىكى جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەش قۇرۇلۇشى، سانائەت ۋە شەھەر ـ يېزىلاردا تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى تېجەش بويىچە ئۆزگەرتىشنى داۋاملىق كۈچەيتىدۇ؛ دەريا ـ كۆللەرنى تۈزەش ئۈچ يىللىق مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دەريا ـ كۆللەرنى باشقۇرۇش، قوغداش جەھەتتە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تۈزەپ، يىل ئاخىرىدىن ئىلگىرى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە دەريا ـ كۆللەردىكى «تۆت قالايمىقان»نى تازىلاش، تۈزەشنى تاماملايدۇ؛ دەريا ـ كۆللەردىن قۇم ئېلىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىدۇ. يىرىك پىلاننى ئالدىن يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قۇم ئېلىش ئىجازىتىنى باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى چىڭىتىپ، قۇم مەيدانى، قۇم ئازگىلى ھەم تاشلاندۇق، قالدۇق ماتېرىياللارنى ئېنىقلاش، تۈزەشنى قانات يايدۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىچىدىغان سۇ مەنبەسىنى قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىچىدىغان سۇ مەنبەسى رايونىنىڭ بىخەتەرلىك كاپالىتىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ھەممە مۇھاپىزەت رايونىدىكى قانۇنغا خىلاپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش، تۈزەشنى قانات يايدۇرىدۇ؛ سۇ مۇھىتىنى تۈزەشنى كۈچەيتىپ، سۇ فۇنكسىيەلىك رايونلىرى ۋە سۇ مۇھىتىنىڭ سۈپىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دەريا ـ كۆللەرگە قۇيۇلىدىغان بۇلغىما مەنبەسىنى تۈزەپ، دەريا ـ كۆللەرگە بۇلغىما چىقىرىش ئېغىزلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەشنى كۈچەيتىدۇ؛ سۇ ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، سۇ سىستېمىسىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلمىي يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزۈشنى كۈچەيتىدۇ؛ دەريا يوللىرىنىڭ ئېكولوگىيە ئاساسىي ئېقىمى ۋە كۆللەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئېكولوگىيەلىك سۇ ئورنىنى بېكىتىدۇ.

جاڭ جيەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇ ئىشلىتىش ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، سۇ ئىشلىتىش ئومۇمىي مىقدارى يىلدىن ـ يىلغا تۆۋەنلىدى، 2018 ـ يىلى سۇ ئىشلىتىش ئومۇمىي مىقدارى 54 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، 2016 ـ يىلدىكى 56 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىرغا سېلىشتۇرغاندا 1 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر تۆۋەنلىدى، دۆلەت بېكىتكەن 2020 ـ يىلدىكى 55 مىليارد كۇب مېتىرلىق تىزگىنلەش نىشانى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلاندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇغىرىش سۈيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى 2016 ـ يىلدىكى 0.53تىن 2018 ـ يىلدىكى 0.553كە ئۆرلىدى.

# پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسى بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، پىلانلاپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، سىردىشىش ـ سۆزلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈلگەن ـ كۆزىتىلگەن مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق رەتلەپ، بەنزە ۋە شەخسنىڭ تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تەھلىل ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل يېزىپ، مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشقا پۇختا ئاساس سالدى.

يىغىندا، شۆھرەت زاكىر ھۆكۈمەت پارتگورۇپپىسى بەنزىسىگە ۋاكالىتەن تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، تەھلىل قىلدى ھەم ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىشنى قانات يايدۇردى، پارتگورۇپپىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ بىر ـ بىرلەپ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ، ئۆزئارا تەنقىد قىلىش، ياردەم بېرىشنى قانات يايدۇردى. كۆپچىلىك يىغىننىڭ باش تېمىسىنى چىڭ كۆزلەپ، مەسىلىگە بىۋاستە يۈزلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، كەمچىلىكنى ئېچىپ، ئەيىبنى ئاشكارىلىدى، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، خاتالىقنى تۈزىتىش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئورتاق ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يەتتى.

شۆھرەت زاكىر خۇلاسە سۆزىدە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى كاللىغا، قەلبكە تېخىمۇ سىڭدۈرۈپ، مول مەھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە جەۋھىرى، مۇھىم مەزمۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەپ، ئۈنۈمدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتە تېخىمۇ ئۈزۈل ـ كېسىل، ساپ بولۇپ، ھەقىقىي تۈردە «ئىككىنى قوغداش»نى ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ۋە ھەرقايسى تەرەپلىرىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەربىر كونكرېت خىزمەت جەريانىدا گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈرەش قىلىش ماھارىتى ۋە كۈرەش قىلىش روھىنى كۈچەيتىپ، «ئىككى يۈرۈش بەنزە» خىزمەت مېخانىزمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەرەققىياتنى تۇتۇشتىكى ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسپىنى قەتئىي زىممىگە ئېلىپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، ئۈچ تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتنى ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى چىڭ ساقلاپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتە تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ۋە كۈچەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان خەلق تۇرمۇشى مەسىلىلىرىگە قارىتا كۈچنى، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئالدى بىلەن تۈزىتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك. تەلەپچان، راستچىل بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ھۆكۈمەت پارتگورۇپپىسى بەنزىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، بەنزىنىڭ قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشى ئارقىلىق ھۆكۈمەت پارتگورۇپپىسىنىڭ قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەتراپتىكى پارتىيەلىك كادىرلارنى قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشقا يېتەكلەپ، ھۆكۈمەت پارتگورۇپپىسى، ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تېخىمۇ ئۇيۇشۇش كۈچىگە، جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلىش كېرەك.